## 49034 ـ ئەر-ئاياللارنىڭ ئېھراملىق ھالىتىدە پايپاق كىيىش توغرىسىدا

### سۇئال

مەن ئۆمرىگە ئېھرامغا كىرگەن ۋاقتىمدا ھاۋا بەك سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن پايپاق كىيىۋالغان ئىدىم، بۇنىڭغا كاپارەت كېلەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئەر كىشىنىڭ ئېھراملىق ھالەتتە پايپاق كىيىشى توغرا بولمايدۇ، ئەمما ئاياللار كىيسە توغرا بولىدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ "شەرھىل مۇمتىئ" 7-توم 154-بەتتە مۇنداق دېگەن: "ئايالنىڭ ئېھراملىق ھالەتتە پايپاق كىيىشى چەكلىنىدۇ؟ دېگەندە، ياق، چەكلەنمەيدۇ، ئەرلەرگە چەكلىنىدۇ".

ئەگەر ئەر كىشى ئېھراملىق ھالىتىدە پايپاق كىيىشكە ئېھتىياجلىق بولغاندا پايپاق كىيسە بولىدۇ، ئۇنىڭغا جازا كېلىدۇ، ئۇنىڭ جازاسى: بىر قوي ئۆلتۈرۈش ياكى ئالتە مىسكىنگە يېمەك بېرىش ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشتىن ئىبارەتتۇر، بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىشنىڭ قايسىسىنى قىلسا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېت ئالىملىرىدىن: ئەرلەر ھەجنىڭ تاۋاپلىرىدا، يىغىلىدىن كەلگەندىكى تاۋاپتا ۋە ئۆمرە قىلىشتىكى تاۋاپتا پايپاق كىيسە قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: " ئەرلەرنىڭ ھەج-ئۆمرىگە ئېھرام كىيگەندە پايپاق كىيىشى توغرا بولمايدۇ، ئەگەر كېسەللىك ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەردىن پايپاق كىيىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالسا، پايپاق كىيسە بولىدۇ، ئۇ كىشىگە جازا كېلىدۇ، ئۇ جازا: ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ياكى ئالتە مىسكىنگە يېمەك بېرىش، ھەر بىر مىسكىنگە بىر يېرىم كىلو ئەتراپىدا خورما قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن بېرىش ياكى بىر قوي ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ["ئىلمى تەتقىقات دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى پەتىۋالىرى" 11-توم 183-بەت].